

ۋۇ چېڭئېن

# غەربكە ساياھەت

## 2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ۋۇ چېڭئېن

# غەربكە ساياھەت

2

تەرجىمە قىلغۇچى : مۇختەر مەخسۇت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

西游记. 2：维吾尔文/(明)吴承恩著；木合塔尔·买合苏提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.12
ISBN 978－7－228－12158－8

Ⅰ.西… Ⅱ.①吴…②木… Ⅲ.章回小说－中国－明代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I242.4

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第204901号

责任编辑　穆纳尔江·托合塔洪
特约校对　热西提阿吉·瓦依提，牙森·扎依莫夫
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话　(0991)2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷二厂
开　　本　880×1230毫米　1/32
印　　张　14.875
版　　次　2008年12月第1版
印　　次　2008年12月第1次印刷
印　　数　1—3000册
定　　价　35.00元

بۇ كىتاب شىنلېي نەشرىياتىنىڭ 1979 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1983 ـ يىلى 1 ـ ئاي 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .
本书根据新雷出版社 1979 年 12 月第 1 版 1983 年 1 月第 3 次印刷本翻译出版。

# غەربكە ساياھەت (2)

**ئاپتورى :** ۋۇ چېڭئېن
**تەرجىمە قىلغۇچى :** مۇختەر مەخسۇت
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** مۇنارجان توختاخۇن
**تەكلىپلىك كوررېكتورلىرى :** رىشىت ھاجى ۋاھىدى ، ياسىن زايىموف
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**تېلېفون :** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**سانقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 14.875
**نەشرى :** 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىرازى :** 1—3000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—12158—8
**باھاسى :** 35.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

**يىگىرمە ئالتىنچى باب**

سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ياردەم سوراپ ئۈچ ئارالغا بارغانلىقى

ئاۋالوكتىسۋارانىڭ بۇلاق پەيدا قىلىپ دەرەخنى

تىرىلدۈرگەنلىكى ...................................... 1

**يىگىرمە يەتتىنچى باب**

پاسىق سۆڭەك ئالۋاستىنىڭ تاڭ سەنزاڭنى ئۈچ قېتىم

ئەخمەق قىلغانلىقى

راھىب سەنزاڭنىڭ سۈن ۋۇكۇڭنى ئاچچىقىدا

قوغلىۋەتكەنلىكى ...................................... 15

**يىگىرمە سەككىزىنچى باب**

گۈلشەن تېغىدىكى مايمۇنلارنىڭ قايتا جەم بولغانلىقى

تاڭ سەنزاڭنىڭ قارىغايزارلىقتا ئالۋاستىغا يولۇققانلىقى··· 32

**يىگىرمە توققۇزىنچى باب**

تاڭ سەنزاڭنىڭ بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ باۋشياڭ

مەملىكىتىگە كەلگەنلىكى

جۇ باجىيېنىڭ شەپقەت كۆرسەتمەكچى بولۇپ ئالۋاستى

ئۇۋىسىغا كىرگەنلىكى ...................................... 45

**ئوتتۇزىنچى باب**

جادۇگەر ئالۋاستىنىڭ تاڭ سەنزاڭغا زىيانكەشلىك

قىلغانلىقى

ۋاپادار ئاتنىڭ سۈن ۋۇكۇڭنى يادىغا كەلتۈرگەنلىكى ··· 62

**ئوتتۇز بىرىنچى باب**

جۇ باجىيېنىڭ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ چىشىغا تەگكەنلىكى

سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئالۋاستىنى پەم بىلەن



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

بويسۇندۇرغانلىقى ................................ 82

ئوتتۇز ئىككىنچى باب

پىگدىگشەن تىغىدا ئەمىرنىڭ خەۋەر يەتكۈزگەنلىكى
نىلۇپەر غارىدا جۇ باجىيىنىڭ پالاكەتكە يولۇققانلىقى ... 104

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ پەنت ئىشلىتىپ ئالۋاستىلارنى
ئالدىغانلىقى
پەلەك تەڭرىسىنىڭ سۇن ۋۇكۇڭغا ياردەم قىلغانلىقى ... 120

ئوتتۇز تۆتىنچى باب

ئالۋاستىنىڭ سۇن ۋۇكۇڭنى پەم بىلەن بابلىغانلىقى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ خىسلەتلىك قاپاقنى سېھىر ئىشلىتىپ
قولغا چۈشۈرگەنلىكى ............................ 140

ئوتتۇز بەشىنچى باب

قاباھەتنىڭ ئادالەت ئۈستىدىن تەھدىت سالغانلىقى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەڭگۈشتەرنى قولغا كەلتۈرۈپ
ئالۋاستىنى بويسۇندۇرغانلىقى ...................... 162

ئوتتۇز ئالتىنچى باب

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ شەيخلەرنى ھەيۋە بىلەن باش ئەگدۈر-
گەنلىكى
تاڭ سەنزاڭنىڭ كېچىدە تالاغا چىقىپ تولۇن ئاينى
كۆرگەنلىكى .................................... 179

ئوتتۇز يەتتىنچى باب

پادىشاھ ئەرۋاھىنىڭ كېچىدە تاڭ سەنزاڭ بىلەن
كۆرۈشكەنلىكى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ شاھزادىنى سېھىرگەرلىك بىلەن
باشلاپ كەلگەنلىكى .............................. 194

ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

شاھزادىنىڭ ئانىسىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى سوراپ

بىلگەنلىكى
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جۇ باجيېنى ئالداپ قۇدۇقتا
چۈشۈرگەنلىكى ………………………………… 214

**ئوتتۇز توققۇزىنچى باب**
ئەرشتىن ئابىهايات دورىسى ئەكېلىنگەنلىكى
ئۈچ يىللىق مېيىتنىڭ قايتا تىرىلگەنلىكى ………… 232

**قىرىقىنچى باب**
بوۋاقنىڭ راھىبلارنى پاراكەندە قىلغانلىقى
تاڭ سەنزاڭنى سېھرى بىلەن ئەپقاچقانلىقى ………… 253

**قىرىق بىرىنچى باب**
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئوت ئىچىدە قېلىپ يېڭىلگەنلىكى
جۇ باجيېنىڭ يالماۋۇزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى … 270

**قىرىق ئىككىنچى باب**
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ جەنۇبىي دېڭىزغا بېرىپ بودساتۋا بىلەن
كۆرۈشكەنلىكى
ئاۋالوكتىسۋارانىڭ شەپقەت كۆرسىتىپ يالماۋۇزنى
بابلىغانلىقى ……………………………………… 291

**قىرىق ئۈچىنچى باب**
قارا سۇ دەرياسىدىكى مەخلۇقنىڭ راھىبلارنى تۇتۇپ
كەتكەنلىكى
غەربىي دېڭىز شاھزادىسىنىڭ سىنېنىسنى قايتۇرۇپ
كەتكەنلىكى ……………………………………… 314

**قىرىق تۆتىنچى باب**
سۇن ۋۇكۇڭنىڭ سېھىر ئىشلىتىپ راھىبلارنى ئازاد
قىلغانلىقى
جادۇ ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ دەرۋىشلەرنى
قاچۇرغانلىقى……………………………………… 333

**قىرىق بەشىنچى باب**
ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ ئۈچ ئەقتاپ خانىقاسىدا ئىسمىنى ئاشكارىلىغانلىقى
قاشاڭ هارۋا دۆلىتىدە سېھرىي ماهارىتىنى كۆرسەتكەنلىكى ........................ 354

**قىرىق ئالتىنچى باب**
تاڭ سەنزاڭنىڭ دەرۋىشلەرنى غەيرىي يول بىلەن يەڭگەنلىكى
سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئەۋلىيالىق كۆرسىتىپ رەزىللەرنى يوقاتقانلىقى ........................ 375

**قىرىق يەتتىنچى باب**
راھىبلارنىڭ كېچىدە ئەزىم دەريادا توسۇلۇپ قالغانلىقى
سۈن ۋۇكۇڭنىڭ شەپقەت كۆرسىتىپ بالىلارنى قۇتقۇلدۇرغانلىقى ........................ 400

**قىرىق سەككىزىنچى باب**
جادۇگەر ئالۋاستىنىڭ شىۋىرغان چىقىرىپ قار ياغدۇرغانلىقى
راھىبلارنىڭ سەپەرگە ئالدىراپ مۇز تېگىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكى ........................ 418

**قىرىق توققۇزىنچى باب**
تاڭ سەنزاڭنىڭ بالا - قازاغا ئۇچراپ دەريا تېگىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكى
ئاۋالوكتسۋارانىڭ بېلىقنى تۇتۇپ، ئازاب - ئوقۇبەتتىن تۇگەتكەنلىكى ........................ 436

**ئەللىكىنچى باب**
نەپسىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئىشنىڭ بۇزۇلغانلىقى
ئېزىتقۇغا ھەۋەس قىلىپ يالماۋۇزغا يولۇققانلىقى ... 454

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## *سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ياردەم سوراپ ئۈچ ئارالغا بارغانلىقى*
## *ئاۋالوكىتىسۋارانىڭ بۇلاق پەيدا قىلىپ دەرەخنى تىرىلدۈرگەنلىكى*

ئەلقىسسە، پىركامىل جېن يۈەنزى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدىكى:

— مەنمۇ سېنىڭ كارامىتىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، بۇگۈن ھەددىڭدىن بەك ئېشىپ كەتتىڭ. سەن بىلەن غەربتىكى بۇددا ئىلاھىنىڭ ئالدىدا دېيىشىمەن. ئادەمگىياھ دەرىخىمنى تۆلىمىگۈچە قۇتۇلالمايسەن، ئەمدى تولا ھىيلىگەرلىك قىلما.

— ئەجەبمۇ پىخسىق ئىكەنلا، تەقسىر، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ كېتىپ، — دەرەخنى تىرىلدۈرۈش دېگەن قانچىلىك ئىش ئىدى؟ بۇرۇنلا مۇشۇ گەپنى قىلسىلا جەڭگى - جېدەلمۇ بولمايتتى.

— بولىدۇ، دەتالاشمۇ قىلمايلى. مەن سېنى كەچۈرۈم قىلاي.

— سىلى ئۇستازىمنى قويۇۋەتسىلە، مەن دەرەخنى تىرىلدۈرۈپ بېرەي. قانداي دەيلا؟

— ئەگەر راستتىنلا دەرەخنى تىرىلدۈرەلىگۈدەك كارامىتىڭ بولسا، ساڭا سەككىز تەزىم قىلاي، قول باغلىشىپ ئاغا - ئىنى بولايلى.

— بولىدۇ، سىلى ئۇلارنى قويۇۋەتسىلە. مەن دەرەخلىرىنى چوقۇم تىرىلدۈرۈپ بېرىمەن.

پىركامىل سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قېچىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، تاڭ سەنزاڭ، جۇ باجيې ۋە شاسېڭلارنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇدى.

— ۋوكـوك ، سەن بىزنى ئازاد قىلىمەن دەپ پىركامىلنى ئالدىساڭ بولامدۇ ؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ .
— مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن ، ئۇنى ئالدىغىنىم يوق ، — دېدى سۇن ۋۇكوڭ .
تاڭ سەنزاڭ يەنە سورىدى :
— سەن كىمدىن ياردەم تەلەپ قىلىسەن ؟
— مەن شەرقىي دېڭىزغا بارىمەن . ئۈچ ئارال ، ئون ئايماقنى ئـايلىنىپ ، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى زىيارەت قىلىمەن ، ئۇلاردىن ئـۆلگەن نـەرسىنى تىرىلدۈرىدىغان چارىنى ئۆگىنىپ كېلىپ ، دەرەخنى چوقۇم ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىمەن .
— بارساڭ قاچانراق قايتىپ كېلەرسەن ؟
— ئۈچ كۈندىلا قايتىپ كېلىمەن .
— ئۇنداق بولسا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي ، ئۈچ كۈندە چـوقۇم قايتىپ كەلگىن . ئەگەر قايتىپ كېلەلمىسەڭ ، ھېلىقى ئەپسۇننى ئوقۇۋېتىمەن !
— خوپ ، جەزمەن دېگەنلىرىدەك قىلىمەن .
سۇن ۋۇكوڭ تاڭ سەنزاڭغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن ، يولۋاس تېـرىـسـىـدىـن تـىـكىلگەن جىلىتكىسىنى تۈزەشتۈرۈپ ، قېرى پىركامىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى :
— خاتىرجەم بولسىلا ، تەقسىر . مەن بېرىپلا كېلىمەن ، سىلى ئۇستازىمنى ياخشى كۈتسىلە . كۈنىگە ئۈچ قېتىم چاي ، ئالتە ۋاخ تاماق بەرسىلە ، بىرەر قېتىممۇ كەم بولۇپ قالمىسۇن . ئەگەر كەم بولۇپ قالسا ، قايتىپ كەلگەندە سىلىدىن ھېساب ئالىمەن .
— يـولۇڭغا مېڭىۋەرگىن ، — دېدى پىركامىل ، — ئۇنى ھەرگىز ئاچ قويمايمەن .
سـۇن ۋۇكـوڭ مۇئـەللـەق بۇلۇتقا چىقتى ـ دە ، ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئايرىلىپ ، شەرقىي دېڭىزغا قاراپ راۋان بولدى . چەكسىز بوشلۇقتا ئۇ خۇددى ساقىغان يۇلتۇزغا ئوخشاش چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ ، فېڭلەي تىلسىماتلىقىغا يېتىپ باردى . ئۇ

بۇلۇتنى يەرگە قوندۇرۇپ ، فېڭلەيگە ئىچكىرىلەپ كىردى . ئاق بۇلۇت غارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، قارىغاي سايىسىدە شاھمات ئويناۋاتقان ئۆمۈر چولپىنى ، بەخت چولپىنى ۋە ئامەت چولپىنىنى ئۇچراتتى . سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەردى . چولپانلار ئۇنى كۆرۈپ ، شاھمات ئويناشتىن توختىدى ۋە سالامغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، بۇ ياققا كېلىپ قاپتىلىغۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— سىلەر بىلەن ئويىنغىلى كېلىۋىدىم ، — جاۋاب بەردى سۇن ۋۇكۇڭ .

— ئەۋلىيا ئەزەمنى ساكيامۇنىغا ئەقىدە باغلاپ ، غەربىي دىياردىن مۇقەددەس نومنى ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغان تاڭ سەنزاڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، دەپ ئاڭلىغانىدىم ، — دېدى ئۆمۈر چولپىنى ، — بۈگۈن ئەجەب بۇ ياقلارغا كېلىپ ئويناشقا ۋاقىتلىرى يېتىپ قاپتىغۇ ؟

— سىلەرگە راستىنى ئېيتسام ، غەربكە كېتىۋېتىپ يولدا توسۇلۇپ قالدۇق . سىلەرنى ياردەم قىلارمىكىن دەپ كەلگەنىدىم .

— قەيەردە ، نېمە ۋەجىدىن توسۇلۇپ قالدىڭلار ؟ ئېنىق ئېيتسىلا ، بولمىسا سىلىگە ياردەم قىلىشقا ئامالسىز قالىمىز ، — دېدى بەخت چولپىنى .

سۇن ۋۇكۇڭ ۋۇجىۋاڭ ئىبادەتخانىسىدا ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ يېگەنلىكى ئۈچۈن ئەۋلىيا جېن يۈەنزىنىڭ ئۆزلىرىنى باغلىۋالغانلىق ۋەقەسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى .

ئۈچ چولپان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەسرەت بىلەن شۇنداق دېدى :

— ھەي مايمۇنەك ، ئۇنىڭغا ئۇقۇشماي چېقىلىپ قويۇپتىلا . جېن يۈەنزى دېگەن زېمىندىكى ئەۋلىيالارنىڭ پىرى ، بىز بولساق شەرقتىكى ئەۋلىيالار قوۋمىغا تەۋە . بىزنى ئىزدىگەنلىرى بىلەن يەنىلا ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقماق تەس . ئەگەر ئۇچار قۇش ياكى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسىلا ، بىزنىڭ شىپالىق دورىلىرىمىز بىلەن تىرىلدۈرگىلى بولاتتى . ئادەمگىياھ دەرىخى



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

بولسا ئىلاھىي دەرەخ ، ئۇنىڭغا بىز ئامال قىلالمايمىز .

«ئامال يوق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ سۇن ۋۇكۇڭنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ ، پېشانىسىگە مىڭ خىل قورۇق پەيدا بولدى .

— ئەۋلىيا ئەزەم ، بۇ يەردە ئامال بولمىسا باشقا يەردىن تېپىلىپ قالار . نېمىشقا بۇنچە غەم قىلىدىلا ؟ — دېدى بەخت چولپىنى .

— ئامال تېپىلىدىغانلا ئىش بولسا ، جاھاننى ئۈتتۈز ئالتە كۈن ئايلانسامۇ ماڭا ئېغىر كەلمەيدۇ ، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ، — يامان يېرى ، تاڭ ھەزرىتىم ماڭا ئۈچ كۈنلۈكلا مۆھلەت بەردى ، ئۈچ كۈنگىچە يېتىپ بارمىسام ، ئۇ چەمبىرەك ئەپسۇننى ئوقۇيدۇ .

— ياخشى ، ياخشى ! — دېدى ئۈچ چولپان كۈلۈپ كېتىپ ، — سىلىنى چەكلەپ تۇرىدىغان بۇ ئامال بولمىغان بولسا ، ھېچكىمگە بوي بەرمىگەن بولاتتىلا !

— خاتىرىلىرىنى جەم قىلىپ بەك قايغۇرۇپ كەتمىسىلە ، — دېدى ئۆمۈر چولپىنى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — ھېلىقى پىركامىل گەرچە بىزنىڭ ئەجدادىمىز بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان تونۇشىمىز . بىرىنچىدىن ، ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشمىگىلى نۇرغۇن يىللار بوپتۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، سىلىنىڭ يۈزلىرى ، بۈگۈن ئۈچىمىز بېرىپ ئۇنى يوقلىغاچ ، تاڭ سەنزاڭغا چەمبىرەك ئەپسۇننى ئوقۇماي تۇرۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلايلى ، تۆت - بەش كۈنلۈك مۆھلەت دېگەن گەپنىمۇ قىلمىسۇن ، قاچان ئامال تېپىپ كەلسىلە ، شۇ چاغدا ھېساب بولسۇن .

— سىلەرگە كۆپ رەھمەت ، ئاۋارە بولىدىغان بولدۇڭلار . ئۇنداق بولسا مەن كەتتىم ، — سۇن ۋۇكۇڭ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى .

ئۈچ چولپان سائادەت نۇرىغا ئولتۇرۇپ ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ باردى . ئىبادەتخانىدىكى ئەۋلىياچاقلار ئۈچ چالىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خەۋەر يەتكۈزدى :

— ئۇستاز ، دېڭىزدىكى ئۈچ چولپان كەلدى .
تاڭ سەنزاڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان جېن يۈەنزى بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى .
جۇ باجيې :
— ھەي گۆشباش قېرى ، سىلىنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بوپتۇ .
يەنە باشلىرىغا بىرنەرسە كىيمەيلا يۈردىلىمۇ ؟ — دېدى ـ دە ، يېنىدىن شەيخلەر كىيىدىغان بىر دوپپىنى چىقىرىپ ئۆمۈر چولپىنىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويۇپ ، قوللىرىنى يانپېشىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى ، — ۋاي ـ ۋۇي ، ئەجەب ياراشتى بۇ دوپپا ، باشلىرىغا بەخت تاجى قوندى مانا !
ئۆمۈر چولپىنى بېشىدىكى دوپپىنى ئېلىپ چۆرۈۋېتىپ ، ئۇنى سىلكىشلىدى :
— ھەي ، ئىززەت ـ ئىكرامنى بىلمەيدىغان لايغەزەل !
تاڭ سەنزاڭ جۇ باجيېنى بىر ياققا ئىتتىرىۋېتىپ ، ئۈچ چولپانغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى . ئۈچ چولپان پىركاملنى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى . پىركامىل ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى .
— بىز ئەزەلدىنلا سىلىگە چىن ئىخلاس ساقلاپ ، ئىشلىرىغا ھەمدەم بولۇپ كەلگەندۇق ، — دېدى ئامەت چولپىنى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — بۈگۈن سۈن ئەزەم باغلىرىنى ۋەيران قىپتۇ دەپ ئاڭلاپ ، سىلى بىلەن كۆرۈشەيلى دەپ كەلگەندۇق .
— سۈن شىڭجې قېچىپ كەتكەنمىدۇ ؟ — دەپ سورىدى پىركامىل .
— ھەئە ، ئۇ سىلىنىڭ ئەتىۋارلىق دەرەخلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ، بىزدىن ياردەم سوراپ بارغانىكەن ، — دېدى ئۆمۈر چولپىنى ، — بىز ئامالسىز ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتقاندىن كېيىن باشقا ياققا كېتىپ قالدى . بىراق ، ئۇ ئەۋلىيا راھىبنىڭ بەرگەن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەتنى تۇشۇپ قالسا چەمبىرەك ئەپسۇننى

ئوقۇشىدىن ئەندىشە قىلىۋېتىپتۇ. شۇڭا سىلى بىلەن كۆرۈشكەچ ئۇنىڭغا كەڭچىلىك سوراپ كەلدۇق.

تاڭ سەنزاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چەمبىرەك ئەپسۇنىنى ئوقۇمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ ئەسنادا، جۇ باجىي يۈگۈرۈپ كىرىپ، بەخت چولپىنىنىڭ يانچۇق ۋە يەڭلىرىنى ئاختۇرۇپ: «ماڭا مېۋە بەرگىن» دەپ جېدەل قىلىشقا باشلىدى.

— باجىي، نېمانچە بەتقىلىقلىق قىلىسەن؟ — دېدى تاڭ سەنزاڭ كۈلۈپ.

— بۇ بەتقىلىقلىق ئەمەس، ئامەت چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئاختۇرۇۋاتىمەن، — دېدى جۇ باجىي جاۋاب بېرىپ.

تاڭ سەنزاڭ يەنە ئۇنى تالاغا قوغلىۋەتتى. جۇ باجىي تالاغا چىقىپ بولۇپ بەخت چولپىنىغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قارىدى.

— ماڭا نېمانچە ئاچچىقلىق بىلەن ھومىيىپ قارايسەن؟ ساڭا نېمە قىلغانىدىم! — دېدى بەخت چولپىنى.

— بۇ سىلىگە ھومايىغىنىم ئەمەس، بەختكە قايرىلىپ تەلمۈرگىنىم، — دېدى جۇ باجىي.

شۇ ئەسنادا، ئۇ چاي ۋە مېۋە ئاچىقىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان بىر كىچىك غۇلام بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى-دە، ئۇنىڭ قولىدىكى ئاچقۇچنى كاپلا قىلىپ تارتىۋېلىپ، سارايغا ئاڭلاپ كىرگىنىچە مىس جاڭنى قولىغا ئېلىپ، ھە دەپ چېلىشقا باشلىدى.

— بۇ سوپى بەكلا ئۆزىنى بىلمەي قېلىۋاتىدۇ، — دېدى پىركامىل ئاچچىقىدا.

— بۇ ئۆزۈمنى بىلمىگەنلىك ئەمەس، ھەر كۈنى توي - نەغمە دېگەن شۇ، — دېدى جۇ باجىي.

جۇ باجىينىڭ شەيتانلىقىنى قويۇپ، ئەمدى گەپنى سۈن ۋۇكۇڭدىن ئاڭلايلى. ئۇ فېڭلەيدىن ئايرىلىپ، ھەش-پەش دېگۈچە فاڭجاڭ ئەۋلىيالار تېغىغا يېتىپ باردى. ئۇ بۇلۇتنى قوندۇرۇپ،

تاغ مەنزىرىسىگە مەيلى تارتمىغان هالدا كېتىۋاتقاندا ، ئۆشتۆمتۆت سەلكىن شامال دەرەخلەرنى يېنىك تەۋرىتىپ ، قۇشقاچلار بىردىن سايىراپ كەتتى . قارىسا ، ئالدى تەرەپتىن بىر ئەۋلىيا چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ .

## نەزم

*كۆكتە لەيلەپ ئاپئاق بۇلۇت ، رەڭدار شەپەق چاقنايدۇ ،*
*تاغدەك ئۈمۈر كۆرگەن بۇ چال يىگىتلەرگە ئوخشايدۇ .*
*ئەل ئىچىدە تالاي قېتىم ۋەھشىيلىكنى يەڭگەن ئۇ ،*
*مەردلىكىدىن بۇ جاھانغا بەخت ئېلىپ كەلگەن ئۇ .*
*ھەزرەت شاپتۇل بەزمىسىدە مۆتىۋەر دەپ ئاتالغان ،*
*شەرق ئېلىنىڭ تەڭرىقۇتى دېگەن نامى تارقالغان .*

— سالام ، بۇيۇك ئەرش پېشۋاسى ! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلاپ .

ئەرش پېشۋاسى ئالمان ـ تالمان سالام قايتۇرۇپ :

— ئەۋلىيا ئەزەم ، ئالدىلىرىغا چىقالماپتىمەن . غېرىب كۇلبىمىزگە كىرىپ چاي ـ پاي ئىچسىلە ، — دېدى ـ دە ، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئوردىسىغا باشلىدى . دەرۋازىلىرىنى سەدەپتىن قىلىپ سالدۇرغان ساراي ، راۋاقلىرى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى . ئۇلار شىرەگە كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر بالا چىمىلدىقنى قايرىپ چىقىپ كەلدى .

— بۇ ئوغرى بۇ يەردە ئىكەنغۇ ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇپ قويۇپ ، — پېشۋايىمىزنىڭ سەن ئوغرىلاپ يېگۈدەك شاپتۇلى يوقمۇ ؟

بالا ئۇنىڭغا تەزىم بەرگەندىن كېيىن شۇنداق دېدى :

— ھەي قېرى ئوغرى ، سىزمۇ كېلىپ قاپسىزغۇ ؟ ئۇستازىمنىڭ سىز ئوغرىلاپ يېگۈدەك ئىسكىر ـ ناياپى يوق جۇمۇ !

— مەنجىيەن ، قالايمىقان سۆزلىمەي چاي كەلتۈرگىن ، — دېدى ئەرش پېشۋاسى .

مەنجىيەن ئىككى پىيالە چاي ئاچىقتى .

— بىر ئىشنى ئۆتۈنۈپ كېلىۋىدىم ، ئېيتسام بولارمىكىن ؟ — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ .

— قانداق ئىشلىرى بولسا دەۋەرسىلە .

— يېقىندا تاڭ سەنزاڭغا ھەمراھ بولۇپ غەربكە كېتىۋاتقانىدۇق ، ۋەنشۇشەن تېغىدىكى ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئۆتكەندە ئىبادەتخانىدىكى باللار يولسىزلىق قىلىپ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن ئادەمگىياھ دەرىخىنى ئۆرۈۋېتىپ قالدىم . ھازىر ئۇلار بىزنى ماڭغىلى قويماي ، تاڭ سەنزاڭنى تۇتۇپ قالدى . مۇبارەك ھۇزۇرلىرىغا دەرەخنى تىرىلدۈرىدىغان ئامال تېپىلارمىكىن دەپ كېلىۋىدىم . مەردلىك بىلەن ياردەم قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن .

— ھەي مايمۇنەك ، سىلى بارغانلا يەردە ئىش تېرىپ يۈرىدىكەنلا ، ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىدىكى جېن يۈەنزىنىڭ نامى جاھانغا تارقالغان ، ئۇ زېمىندىكى ئەۋلىيالارنىڭ پىرى بولىدۇ . سىلى نېمىدەپ ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويغانلا ؟ ئۇنىڭ ئادەمگىياھ دەرىخى بىر تۈتىيا دەرەخ ، مېۋىسىنى ئوغرىلاپ يەپ ، دەرىخىنىمۇ ئۆلتۈرگەن بولسىلا ، بۇ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇ سىلىنى ئاسان كەچۈرمەيدۇ .

— راست ئېيتتىلا ، بىز قېچىپ كېتىپمۇ باقتۇق ، بىراق ئۇ كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ ، تۆتىمىزنى خۇددى قولياغلىقنى يىغىپ پۈرلەپ تىققاندەكلا تۇتۇپ سولىۋالدى ، تىركىشىپ باقتۇق ، ھېچ ئامال بولمىدى . شۇنىڭ بىلەن دەرەخنى تىرىلدۈرۈپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ ، سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كېلىپ قالدىم .

— مەندە بىر تال شىپالىق تەريا بۇت دورىسى بار ، دۇنيادىكى جانلىقلارنى تىرىلدۈرەلەيدۇ ، بىراق دەرەخنى تىرىلدۈرەلمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ۋەنشۇشەن تېغى ئەلمىساقتىن تارتىپ سائادەتلىك

ماكان بولغان، ۋۇجۇاڭ ئىبادەتخانىسىمۇ غەربىي گۇدادىكى ئەۋلىيالارنىڭ دەرگاھى، ئادەمگىياھ مېۋىسىنىڭ دەرىخى بولسا ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ پەيدا بولغان ئىلاھىي دەرەخ. ئۇنى قانداقمۇ تىرىلدۈرگىلى بولسۇن. ھەي، بۇنىڭغا زادى ئامال يوق.

— ئامال بولمىسا، خەير ئەمىسە!

سۇن ۋۇكۇڭ بۈيۈك ئەرش پېشۋاسىنىڭ قانچە تۇتقىنىغا ئۇنىماي، بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ يىگجۇ ئارىلىغا يېتىپ باردى. قارىغۇدەك بولسا، قىزىل قىيا يېنىدىكى مەرۋايىت دەرىخى ئاستىدا بىرقانچە مويسىپىت ئەۋلىيا شاراب ئىچكەچ، شاھمات ئويناۋېتىپتۇ.

— مەنمۇ بىرەر قول ئوينىۋەتسەم قانداق دەيسىلەر! — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ ئۈنلۈك ۋارقىراپ.

ئەۋلىيالار ئۇنى كۆرۈپلا دەرھال ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتى. ئۇلار سۇن ۋۇكۇڭغا تونۇشلۇق بولغان توققۇز مويسىپىت ئىدى.

— خېلى ئازادە بوپقاپسىلەر، ئاغىلار، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

توققۇز چال كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سەنمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئەرشتە ئىش تېرىمىغان بولساڭ، بىزگە ئوخشاش ئەركىن - ئازادە بولاتتىڭ. يېقىندا سېنى يامان يولدىن قايتىپ، غەربكە بۇددانى تاۋاپ قىلغىلى كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدۇق، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

سۇن ۋۇكۇڭ دەرەخنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ياردەم سوراپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— سەن بەك چوڭ بالا تېرىۋاپسەن! بىز راستىنلا ئامال قىلالمايمىز، — دېيىشتى توققۇز چال قاتتىق چۆچۈپ.

— ئامالىڭلار بولمىسا قايتىپ قالاي، — دېدى سۇن ۋۇكۇڭ.

توققۇز چال ئۇنى زورىغا تۇتۇپ قېلىپ، ئېسىل شەربەت ۋە نېلۇپەر تالقىنى ئاچىقتى. سۇن ۋۇكۇڭ ئۆرە تۇرۇپلا بىر پىيالە شەربەت ۋە بىر كاپام نېلۇپەر تالقىنى يەپ، ئالمان - تالمان



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com